# ئىزدىنىش

(تاللانما)

ج ك پ مەركىزي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

3

1995

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1995-يىل 3-سان

(ئومۇمىي 81-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيەۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 1-، 2-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

---

## مۇندەرىجە


**جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى**

—— «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق (1994-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى) ............ **خۇ جىنتاۋ(2)**

**ئوبزور**

توغرا بولغان ھەققانىيەت - مەنپەئەت قارىشىنى تۇرغۇزايلى ......... **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (18)**

ئىقتىسادىي دولقۇندىكى پەلسەپە ............ **چېن شيەندا(28)**

**جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش**

يېزا ئىگىلىكىنى ستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ تۇتۇش لازىم

—— «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات ......... **ئۇلجى (38)**


**★3-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا بېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى

——«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

(1994-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى)

خۇ جىنتاۋ

مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، مەركىزىي ھۆججەتلەر تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ۋە ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ "«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى"نى بىرلىشىپ چاقىرىشى پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىردۇر. بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ غايەت زور يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تېخىمۇ زۆرۈر تېپىلدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى يولداشلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگە-

نىش تەسىراتلىرىنى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ، بەزى چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى، بۇ قېتىمقى يىغىن ياخشى ئېچىلسا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جەزمەن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تۆۋەندە، بىرنەچچە مەسىلە ئۈستىدە ئازراق پىكىر بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

**1. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۆلچەرلەپ، ھەم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق يېڭى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ھەم بۇ جەھەتتە مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىمىز لازىم.**

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى تىكلەپ، بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ۋە يىراق كەلگۈسى ئەھمىيەتكە ئىگە زور تەدبىردۇر. 14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەلىيىتىدىگە زىچ بىرلەشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خاراكتېرلىك خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قاتار مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، مەركەز ئۇنى ئۆگىنىش ھەققىدە مەخسۇس قارار چىقاردى. يولداش جياڭ زېمىن ئۆگىنىشنى دوكلات قىلىش يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدە ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى. بۇ يىل يەنە «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1-، 2-توملىرىنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلانغان نۇسخىسى نەشىر قىلىندى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە

خىزمىتى يىغىنىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناپ روھ بىلەن كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان قاراردا يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈپ كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش تەكىتلەندى، ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتكۈل پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە بىر قېتىم ئۆگىنىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. مەركەزنىڭ چىڭ ھەم كۆچلۈك تۇتۇشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئومۇمىي ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى. يىغىپ ئېيتقاندا مۇنداق بىرنەچچە ئالاھىدىلىك بار.

**بىرىنچى، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يادرولۇق مەزمۇن قىلىشتا چىڭ تۇرۇلدى.** جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قىبلىنامە. بىزنىڭ نەزەرىيىۋى خىزمىتىمىز بۇ نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ھەر تەرەپلىمە، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشنى دەۋر قىلىپ، "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش"تىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيلىققا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. بۇ، پۈتكۈل نەزەرىيىۋى خىزمىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگە تىكلىشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى ئالغا سۈردى.** مەركەز بىرنەچچە ئاي ئىچىدە،

ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار بويىچە ئارقا-ئارقىدىن تۆت قارار نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىپ، كۇرسانتلارنى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇشى، دەرىجىمۇ دەرىجە يېتەكلىشى ئارقىسىدا، مەملىكەت بويىچە ناھىيە (باشقارما)دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش ئىشى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى، پارتكوم مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشىمۇ ئاساسەن تۈزۈم بولۇپ شەكىللەندى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، پارتىيە ئىچىدە بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە نەزەرىيە ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشى كۈچىيىپ، ئۆگىنىش دولقۇنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى ۋە داۋاملىق ئۈرلىمەكتە. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدىمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان يېڭى كەيپىيات بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

**ئۈچىنچى، نەزەرىيە تەشۋىقاتىدا توغرا ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى توغرا چۈشىنىشىگە ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئالاقىدار تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، نەزەرىيە تەشۋىقاتىغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى ۋە ياخشىلىدى. پارتىيە گېزىت-ژۇرناللىرى، رادىئو، تېلېۋىزىيە ۋە باشقا تۈرلۈك جامائەت تارقىتىش ۋاستىلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشقا بارغانچە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقات سالمىقىنى روشەن ھالدا ئاشۇردى، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. نەزەرىيە تەشۋىقاتىنىڭ ئۇسۇلىمۇ ياخشىلاندى، تەشۋىقاتنى ئەمەلىيەتكە، ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، تەشۋىقات سەنئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە پايدىلىق ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلدى.

**تۆتىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى قەدەممۇ قەدەم كۈچەيتىلدى.** مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات پىلانى تەڭشىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى-كۈچەيتىش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلەندى. بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان نەزەرىيە خادىملىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا ئاكتىپ ئاتلاندى. مەركەز بەش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقات بازىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەرمۇ ئارقا-ئارقىدىن تەتقىقات مەركىزى، تەتقىقات گۇرۇپپىسى ياكى تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان قوشۇن دەسلەپكى قەدەمدە تەشكىللەندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان زور بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا كەلدى، ئۇنىڭ بىرمۇنچىلىرى خېلى يۇقىرى تەتقىقات سەۋىيىسىگە ئىگە.

**بەشىنچى، نەزەرىيە قۇرۇلۇشنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل بولدى.** ئالدىنقى بىر مەزگىلدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش نەتىجىسىدە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە روھىي ماھىيىتى، سىياسىي ئەھمىيىتى ۋە نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى، تارىخىي ئورنى ۋە يېتەكچىلىك رولى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ۋە تونۇشى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكى ئاشتى. 14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، پارتىيىمىز خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئەھۋاللارنى ئاساس قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشقا دائىر بىر قاتار چوڭ چوڭ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى، ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇردى. ئىلگىرىلەش داۋامىدا نۇرغۇن گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن پارتىيە ۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كدىللىك بىلەن ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىنىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىشلار يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بۇ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ.

14-قۇرۇلتايدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئاران ئىككى يىل ئۆتتى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئىككى يىلدىن بېرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بەزى يېڭى تەجرىبىلەر توپلاندى، بۇ، كىشىلەرنى خۇشاللاندۇرىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان بىر ئىش.

نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز لازىم. ئاساسلىقى، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمايۋاتىدۇ، ئۆگىنىشنىڭ كەڭلىكلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقلۇقى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ ئۆگىنىشىدە تەشكىللەش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. نەزەرىيە تەشۋىقاتى جەھەتتە، تەشۋىقاتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەشۋىقاتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. نەزەرىيە تەتقىقاتى جەھەتتە، كۈچلەرنى تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەپ، جۇڭگوچە

سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، چوڭ-چوڭ رېئال مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىپ، مەزمۇنلۇق ماقالىلەرنى كۆپلەپ يېزىپ چىقىشقا تىرىششقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن خىزمەتلەر بار. يولداش جياڭ زېمىن ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار بويىچە ئېچىلغان 4-قارار نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسىدىكى كۇرسانتلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز، ئۆگىنىشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يەنە كۆپلىگەن جاپالىق ھەم ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك." ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار ۋە نەزەرىيە، تەشۋىقات سېپىدىكى يولداشلار يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ سۆزىنى ياخشى چۈشىنىشى، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى ۋە ئىلگىرىلەشلەرنى بەكمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتمەسلىكى، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشتۇرماي داۋاملىق كۈچەيتىشى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى چوقۇم كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىشى لازىم.

**2. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ غايەت زور ئەھمىيىتىنى تولۇق بىلىپ، بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى بىر تۈرلۈك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قىلىپ باشتىن ئاخىرغىچە بوشاشماي چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش كېرەك.**

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي نىشانى:ھازىرقى زامان دۇنياسىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان شارائىتتا، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ ئۇلۇغ ئۆزگىرىش ياسىلىۋاتقان ئەھۋالدا، پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان،

جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە تامامەن مۇستەھكەملەنگەن، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ ئومۇمىي نىشان پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە بىرلەشتۈرگەن هالدا، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىستىل قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىدىغان ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇشتۇر. پارتىيىنىڭ باشقا جەھەتتىكى قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتىدۇر. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى تونۇتتىكى، پارتىيە ئىدىيە جەھەتتە ئۆزىنى تامامەن مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چوقۇم پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاڭلىق هالدا بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلالايدىغان، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان قىلىشى كېرەك؛ پارتىيە سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنى تامامەن مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چوقۇم نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن پارتىيىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش، جۇڭگو ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلەش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك؛ پارتىيە تەشكىلىي جەھەتتە ئۆزىنى تامامەن مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن كادىرلارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى، ھەمدە مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسىنى ۋە پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنى ھەقىقىي تۈردە جەڭگىۋارلىق كۈچىگە ئىگە بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك؛ پارتىيە ئىستىل جەھەتتە ئېسىل ئەنئەنىنى ساقلاش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ، يېڭى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىستىل قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنى پۈتۈن پارتىيىنى تەربىيىلەپ ئىلمىي دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئىگەللىتىش ئاساسىدا تۇرغۇزۇشى كېرەك. 4-ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرغان ھەمدە ئۇنى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ، پارتىيىنى تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتەش

ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىجادىي خاراكتېرلىك بىر ئىش، ئۇ ئىنتايىن كەڭ ھەم چوڭقۇر زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا، ئالغا بېسىش يولىدا بىز ھەر خىل يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپلا قالماي، بەلكى مۇقەررەر ھالدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغىمۇ دۇچ كېلىمىز. مۇشۇنداق مۇھىت ۋە شارائىت ئاستىدا، بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تارىخنى ئۈزلۈكسىز ئالغا باستۇرىمىز دەيدىكەنمىز، يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە پۈتكۈل پارتىيە قوشۇنىنىڭ ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز ۋە شۇ ئاساستا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن خەلقىمىزنى، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ پارتىيىمىز، ئۇلۇغ مىللىتىمىز ئۇلۇغ ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇيۇشۇپ، ئەقىل-پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ دۆلىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كارامەت ئۈنۈملۈك ئىشلىيەلەيدىغان ھەممە دۇنيا ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدىغان بولسۇن. يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلەتنى باي، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك، بىزنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال دېگىنىمىز ئۆتكەنكى ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتتىن چىقىرىلغان توغرا يەكۈندۇر. بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز مىليونلىغان-ئون مىليونلىغان خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ جۇڭگو زېمىنىدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داغدۇغىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى؛ دۆلىتىمىز ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتقان خەلقئارا مۇھىتتا، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، تۈرلۈك توسقۇنلارنى تۆگىتىپ، قەتئىي ھالدا ئۆز يولىدا ماڭماقتا. بۇندىن كېيىن، پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ۋە پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى تەرەققىيات نىشانىغا يېتىپ، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق ۋە پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇپ 21-ئەسىرگە كىرىشى، باشتىن-ئاخىر يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشى ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە، زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى، كەڭ كادىرلار ۋە نەزەرىيە-تەشۋىقات سېپىدىكى يولداشلار غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ئورغۇن جاپالىق ھەم ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

1994-يىلىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئازلا ۋاقىت قېلىپ، يېڭى بىر يىل كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. كېلەر يىلى بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش"تىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى داۋاملىق ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلار بار، تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش يولىدىكى تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش بىلەنلا قالماي، بەلكى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ساقلىنىۋاتقان بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشقا، بولۇپمۇ پۇل پاخاللىقىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلەش، يېزا ئىگىلىك ئاساسىنى كۈچەيتىش، بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش، بەزى جايلارنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى ياخشى بولماسلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى، رەھبەرلىك سەنئىتىنىڭ ئۆسۈشىدىن، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كۈچەيتىلىشىدىن، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنىڭ داۋاملىق زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى بەلگە قىلىنغان ئۇلۇغ دەۋرنىڭ مەھسۇلى، بۇ نەزەرىيە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، بىزنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال ۋە ئىلمىي ئۇسۇلنى يەتكۈزۈپ بەردى. ھازىر بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى مەسىلىلەر، بۇنىڭ بەزىلىرىنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىش چارىلىرىنى تاپتۇق، ئۇنى ئەمەلىي يولغا قويۇش داۋامىدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ بەزىلىرىدە تېخى پىشىپ يېتىلگەن چارىلەرنى تاپالمىدۇق، پائال ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەسىلە ۋە قىيىنچىلىق ئالدىدا، بەزى ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى كۆچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئۇلار نەزەربىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، نەزەربىيە ئارقىلىق مېڭىنى قوراللاندۇ-رۇش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرغان. بۇ بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەربىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى بۇ نەزەربىيىنى ئىگىلەپ، نەزەربىيىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاندا، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېڭى ئەھۋالنى توغرا بىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيمىز.

## 3. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەستايىدىل تەشكىللەپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ-نىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەربىيىسى ئۆستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەربىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى، بۇ داۋاملىق ئالغا بېسىشىمىزنىڭ ئاساسى. ھازىرقى ۋەزىپىمىز: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ياخشى ۋەزىيەت ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە چارىلەرنى قوللىنىپ، بۇ نەزەربىيە ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ۋە ئۈزلۈكچە داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش، سوتسىيالىس-تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ھەم تېز، ھەم ياخشى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەربىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقات ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدىغان، بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىش. ياخشى ئۆگىنىش ياخشى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنىڭ ئاساسى، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش بولسا ئۆگىنىشنى كەڭلىككە ۋە

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇرلۇقتا راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىش لازىم.

**(1)نەزەرىيە ئۆگىنىشتە تۇرگە ئايرىپ يېتەكلەش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش بىر ئومۇمىي ۋەزىپە. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش ئىشىنى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم مەركىزىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى بار، شۇڭا بۇ نەزەرىيىنى سىستېمىلىق، چوڭقۇر ياخشى ئۆگىنىشتە باشلامچى بولۇشى كېرەك. 4-ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بىلىمى بولغان، كەسپىنى بىلىدىغان، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان كەسىپ ئەھلى بولۇشقىلا تىرىشىپ قالماي، ئالدى بىلەن ماركسىزمغا سادىق بولغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي قەتئىي ماڭىدىغان، پارتىيىنى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدىغان سىياسىي ئەربابلاردىن بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك، دەپ تەلەپ قىلىنىدى ھەمدە سىياسىي ئەربابنىڭ سۈپىتى ھەققىدە بەش تۈرلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشكىلات خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارلا سىياسىي ئەربابلارغا خاس سۈپەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىمۇ ئۇنى تىرىشىش نىشانى قىلىپ، ئۆزىنى ئۆستۈرۈشى، چېنىقتۇرۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. سىياسىي ئەربابلارغا خاس سۈپەتنى ھازىرلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق ئۆگىنىشىنى بىر ياخشى باشلىنىش بولدى دېيىشكىلا بولىدۇ، ھازىرقى ھالەتتىن قىلچە قانائەتلىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆز بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۆگىنىشتە قانچە نەتىجە ياراتقان كىشى، كۆپ چاغلاردا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى، دائىم ئۆگىنىسىمۇ، ئۆگەنگەننى دائىم تەتبىقلىسىمۇ يېڭى نەرسىنى ئۆگىنىۋاتقاندەك، يېڭى نەرسىنى تەتبىقلاۋاتقاندەك قىلىدىغانلىقىنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە

نەزەرىيە ئۆگىنىشكە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئەستايىدىل تەشكىللىشى لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خېلى كۆپ زېھىن-كۈچنى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى ياخشى تۇتۇشقا سەرپ قىلىش كېرەك. مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى 4-ئومۇمىي يىغىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدا پىلان تۈزۈۋاتىدۇ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، پۇختا ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشى، شەكىلۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. زىيالىيلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى زىيالىيلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى ياخشى تۇتۇشى، ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى بىرقەدەر كۆپ ئىگىلىگەن بىر قىسمى بولۇش، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يول ئاچقۇچىلىرى ۋە مائارىپ-مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇش سۈپىتىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. زىيالىيلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن ئىلمىي دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى تۇرغۇزالايدۇ، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تۈپ ئاساسىدىن ئىگىلەپ، شەخسنىڭ ئىستىقبالىنى خەلق ئىشلىرى، دۆلەت مەنپەئىتى ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، باشتىن-ئاخىر مۇستەھكەم، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە دۆلەتنى باي-قۇدرەتلىك قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايدۇ. ھەرقايسى سەپلەردىكى زىيالىيلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشتە باشلامچىلىق رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى زىيالىيلار بۇ نەزەرىيىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشى، نەزەرىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەسپىي تەتقىقات پائالىيىتىنى يېتەكلىشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتقا پائال قاتنىشىشى ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، ياشلارنىڭ ئۆگىنىشىنىمۇ ياخشى تۇتۇش كېرەك. ياشلار ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى ۋە ئۈمىدى. ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن

ياشلارنى قوراللاندۇرۇش ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستىقبالى ۋە 21-ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ قىياپىتىگە چېتىشلىق بولۇپ، ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى كەڭ ياشلار ئىگىلىسە، پارتىيىمىز كېلەچەككە ئېرىشكەن بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن دەرسخانىلارغا ئېلىپ كىرىش، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزۈش، كەڭ ياشلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈشنى بىر تۈرلۈك جىددىي ۋەزىپە قاتارىدا مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇپ، تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىنى ياخشى تەشكىللىشى لازىم.

ئالدىنقى بىر مەزگىلدە رەھبىرىي كادىرلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش جەھەتتىكى تەجرىبىدىن قارىغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ھالقىسى نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ھالدا ئىگىلەش ۋە نەزەرىيە قورالى ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشتا. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىدىكى نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى، ئىلمىي سىستېمىسىنى ياخشى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەرلەرنى چوقۇم ئەستايىدىل ئوقۇش كېرەك. بۇ، رەھبىرىي كادىرلار ۋە نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم، ۋاقىت ۋە زېھىن-كۈچنى ئايىماي قايتا-قايتا ئوقۇش كېرەككى، يۈزەكىلا ئوقۇپ بولدى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك، دېگەن بۇ ئاساسىي مەسىلىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيىنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىرقاتار نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى ۋە ئىچكى باغلىنىشىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ۋە ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگىلەش كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىلمىيلىكىگە، توغرىلىقىغا بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكنى ئاشۇرۇپ، نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**(2) نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە نەزەرىيە تەشۋىقاتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يۈزلە-**

**نىشتە چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.**

نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، نەزەرىيىنىڭ رولى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا، نەزەرىيىنىڭ كۈچىمۇ ئەمەلىيەت داۋامىدىلا تولۇق نامايان بولىدۇ. نەزەرىيە تەتقىقاتىمىز ۋە نەزەرىيە تەشۋىقاتىمىز ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئەمەلىيەت ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى كېرەك، جاۋاب قانچە ئېنىق، قانچە تولۇق، قانچە قايىل قىلارلىق بولسا، ئۇنىڭ رولى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، كىشىلەرگە نەزەرىيىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى شۇنچە ئاسان تونۇتقىلى بولىدۇ. ھازىرقى دۇنيا زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بىر تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا، ھازىرقى جۇڭگو ئۇلۇغ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بىر تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا، بىز ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ تۇرغان يېڭى زىددىيەت ، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز. نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە نەزەرىيە تەشۋىقاتىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، بۇ نەزەرىيىنى داۋاملىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئېنىق ۋە جانلىق سۆزلەر بىلەن شەرھلەپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بۇ نەزەرىيىۋى قورالنى تېخىمۇ ياخشى ھالدا چۈشىنىشىگە ۋە ئىگىلىشىگە ياردەم قىلىشىمىز لازىم. نەزەرىيە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان يولداشلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئامما ئارىسىغا بېرىپ، تۇرمۇشقا يېقىن تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر كۆرۈشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىلمىي ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىشى، سىياسەتكە دائىر تەكلىپلەرنى بېرىشى ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن مەدەت بېرىشى، كادىرلار ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى لازىم.

قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، تۇرغۇزۇشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ نەزەرىيە تەشۋىقاتى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. نەزەرىيە سېپىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا ئىناق، دوستانە ئۆتىدىغان مۇھىتنى بەرپا قىلىپ، كەڭ نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىزدىنىشكە جۈرئەتلىك بولۇش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاش لازىم. نەزەرىيە تەشۋىقاتى بىلەن نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىزدىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە

www.uyghurkitap.com

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش لازىم. نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش كېرەك. ئىلمىي مەسىلىلەردە، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش، باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىش، تولۇق داۋلى سۆزلەش، داۋلى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى ئىچكى قىسىمدا ئىتتىپاق بولۇشى، نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى بىلەن ئەمەلىي خىزمەتچىلەرمۇ ئىتتىپاق بولۇشى كېرەك. ئىچكى قىسىمدىكى تەتقىقات بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا تەشۋىق قىلىشنىڭ چەك-چېگرىسىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. نەزەرىيە تەشۋىقاتى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان كومپارتىيە ئەزالىرى تەشۋىقات ئىنتىزامىغا تېخىمۇ ئەمەل قىلىشى لازىم.

**(3)جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.**

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، پارتكوملار ئەھمىيەت بېرىش، رەھبەرلەر باشلامچى بولۇش ئاساسىدا، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بۇ خىزمەتنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى تۇتۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇشى، دايىم تەكشۈرۈپ ۋە نازارەت قىلىپ تۇرۇشى، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىدىكى مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە كادىرلار مەكتەپلىرى ھەم باشقا نەزەرىيە تەتقىقات ۋە تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىپ مەسئۇل بولۇپ، زىچ ماسلىشىپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىشى، نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە نەزەرىيە تەشۋىقاتىنىڭ بازا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنى توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشقا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، نەزەرىيە تەشۋىقاتى، نەزەرىيە تەربىيىسىنىڭ ئۇسۇلى ۋە سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك ئوبيېكتلارنىڭ تۈرلۈك ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇلار ياقتۇرىدىغان، ئاسان قوبۇل قىلىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، توغرا ھەل قىلىش جىددىي زۆرۈر

بولۇۋاتقان رېئال مەسىلىلەردە، نەزەرىيە قوشۇنلىرىنى تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئارقى-
لىق بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك. نەزەرىيە تەتقىقاتى جاپالىق ئەمگەك، ھەر
دەرىجىلىك پارتكوملار نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنى چۈشىنىشى ۋە ئاسرىشى، ئۇلارنىڭ سىياسىي
جەھەتتە، كەسپىي جەھەتتە ئىلگىرىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت
ۋە تۇرمۇش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. نەزەرىيە
قوشۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قوشۇننى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي ساپا-
سىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق مۇنەۋۋەر نەزەرىيە خادىملىرىنى
بايقاش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
نەزەرىيىسىنى پائال تەتقىق قىلىدىغان ۋە تەشۋىق قىلىدىغان، ئەسىر ھالقىيدىغان نەزەرىيە
قوشۇننى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

يولداشلار، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ لايىھىلەپ بەرگەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى بويىچە، قەتئىي ھالدا 21-ئەسىرگە قەدەم قويىماقتىمىز.
يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى
قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇ نەزەرىيە بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى
كۆزىتىپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي
لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى
ئورتاق كۈرەش قىلىش يولىدا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئېلىمىزنى باي-قۇد-
رەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ
چىقالايمىز!

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**تەلئەت ئىبراھىم**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توغرا بولغان ھەققانىيەت-مەنپەئەت قارىشىنى تۇرغۇزايلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقاراشلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ تۇرماقتا. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، زور كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىسىدا، كىشىلەر ماددىي مەنپەئەتنىڭ كۆپىيىشىگە ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇپ قويىدىغان بەزى كونا كۆزقاراشلار پەيدىنپەي چۆرۈپ تاشلانماقتا، ئوخشاش بولمىغان ئەخلاق-قىممەت قارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىلمۇخىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرى بولسا كەينى-كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا، توغرا بولغان ھەققانىيەت-مەنپەئەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشنى تەكىتلەش بىزنىڭ رېئاللىقتىكى ھەق-ناھەق ئالدىدا مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، توغرا يولدا مېڭىپ، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "كىشىلەرنى ئالىيجاناب روھقا ئىگە قىلىش" ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر.

ماركسىزمچىلار ھېچقاچان مەنپەئەتنى تەكىتلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ماددىي مەنپەئەت ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى تەكىتلىمەي تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماركسىزمچىلار ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىزمچىلار بولغاچقا، خەلقنىڭ ماددىي مەنپەئىتىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بۇنداق ماددىي مەنپەئەتنى قوغداش ۋە زورايتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاممىنى ئۆز مەنپەئەتىنى تونۇشقا ھەمدە ئىتتىپاقلىشىپ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپىدۇر. يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇڭ جۇڭشۇنىڭ "ھەققانىيەتنى تەرىپلەش، مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىك، ئىشنىڭ يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، نام-شۆھرەت بىلەن

ھېسابلاشماسلىق كېرەك“ دېگەن سەپسەتىسىنى ”ئادەم ئالدايدىغان ئىدېئالىستىك بىمەنا گەپ“ دەپ تەنقىد قىلغانىدى. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ داۋامىدا، ئۇچىغا چىققان سولچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، روھنىڭ ماددىغا بولغان ئەكس تەسىرى بىر تەرەپلىمە ھالدا مۇبالىغە قىلىنىپ، مەنپەئەتنىڭ تەكىتلىنىشى شەخسىيەتچىلىك بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئىنتايىن زور زىيان يەتكۈزۈلگەنىدى. ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شارائىتىدا، تەڭ تەقسىماتچىلىق ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى، كىشىلەر ياخشى ئىشلىسىمۇ، ياخشى ئىشلىمىسىمۇ، كۆپ ئىشلىسىمۇ، ئاز ئىشلىسىمۇ، ئۆز مەنپەئەتىگە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيتتى، شۇڭا جايلار، تارماقلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىغىلى بولمايتتى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇقەررەر ھالدا ئاستا بولۇپ قالاتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتىدۇ: ”ئىنقىلابىي روھ ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر، ئىنقىلابىي روھ بولمىسا، ئىنقىلابىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئىنقىلاب ماددىي مەنپەئەت ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئەگەر ماددىي مەنپەئەت تەكىتلەنمەي، قۇربان بېرىش روھىلا تەكىتلىنىدىغان بولسا، ئۇ ئىدېئالىزمغا بېرىلگەنلىك بولىدۇ.“ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، ماددىي مەنپەئەت مېخانىزمىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېلىپ كىرىپ، ئەسلىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشىدۇق، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، ماركسىزملىق ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بەردۇق، بۇنىڭ بىلەن شەھەر-يېزىلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بىلەن راۋاجلانماقتا. بۇ ھال شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ماددىي مەنپەئەت مېخانىزمىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزغا تەتبىقلاش بىز تارىخىي يوسۇندا تاللىۋالغان توغرا يولدۇر، ئۇ ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇن.

ماركسىزمچىلار ئەينى ۋاقىتتا يەنە ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەت دىئالېكتىك ئاساستا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ دېگەن قاراشتىكىلەردۇر، بۇ قاراش مەنپەئەتنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەققانىيەتنىمۇ تەكىتلەش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، چۈنكى، بۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتى، بولۇپمۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ماددىي كۈچ بىلەن مەنىۋى كۈچنىڭ ئورتاق تەسىرىنىڭ

نەتىجىسىدۇر. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ماددىي مەدەنىيەتنى ئاساس قىلىدۇ، ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى مەنىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ماسلىشىپ، تەڭكەش راۋاجلىنىپ، جەمئىيەتنى ئورتاق ئالغا سۈرگەندىلا، جەمئىيەت ئاندىن ساغلام، مۇقىم، ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلالايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا غەيرىي نورمال ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ھەققانىيەت روھ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، مەنپەئەت ماددا كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەينى ۋاقىتتا روھ بىلەن ماددىنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ھەققانىيەت مەنپەئەت ئاساسىدا پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىجتىمائىي سىياسىي قانۇننىڭ تەلىپى ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق جەھەتتىكى ھەرىكەت ئۆلچىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەنپەئەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئەمەل قىلماي بولمايدىغان ئىجتىمائىي مىزان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ مەنپەئەتكە قارىتا ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى ئويناش بىلەنلا قالماستىن، چەكلەش ۋە يېتەكلەش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەنپەئەتنى تەكىتلىمىسەك، ھەققانىيەت ماددىي ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدۇ؛ ھەققانىيەتنى تەكىتلىمىسەك، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنالمايدۇ. بىز بۈگۈنكى كۈندە ھەققانىيەتنى تەكىتلەشتە، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ھەقلىق ماددىي مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچىپ، نوقۇل ھالدا يۈكسەك روھىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىنتىلسۇن دېگەننى مەقسەت قىلمايمىز، بەلكى كىشىلەرنى ماددىي مەنپەئەتكە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە توغرا بولغان ئىنتىلىش-ۋاز كېچىش ئۆلچىمىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىمىز. بىر تەرەپتىن، ئوخشاش بولمىغان ماددىي مەنپەئەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا يولنى تۇتۇش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەركىم ئۆزىنى ئىدىيىۋى ئەخلاق جەھەتتىن ئۆستۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە سەل قارىماسلىقى كېرەك. بۇنداق قىلىشلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەقەللىي تەلىپى شۇكى، مەنپەئەتكە ئېرىشىش يولى ئەقىلغە، قانۇنغا مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى ئىگىلىك، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەرىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك سىياسەت، قانۇن ۋە قائىدە-نىزاملارغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز شەرت. سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈملەردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى-

نى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەم جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئورۇنلۇق ماددىي مەنپەئەتنى قانۇن جەھەتتىن قوغدايدۇ، ھەم ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى چەكلەيدۇ، ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ. بىز بىر قىسىم كىشىلەر، بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئاۋۋال بېيىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئەقىلغە، قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇش، بايلىق توپلاشتا، مەنپەئەتكە ئېرىشىشتە قانۇنغا مۇۋاپىق يولنى تۇتۇش كېرەك. قانۇنغا خىلاپ ھالدا نەپ تېپىش قىلمىشىنىڭ ھەرقاندىقى جەمئىيەتنىڭ، باشقا كىشىلەرنىڭ ئورۇنلۇق مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ، ئىنسابسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر: "ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا، پۇل تېپىشقا پايدىسى بولسىلا، ھەرقانداق ئىشنى قىلساق ھەقلىق" دېيىشىدۇ، ھەتتا "قانۇنلۇق يول بىلەن ئىش قىلغاندا تازا بېيىغىلى بولمايدۇ" دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئىدىيە قىپيالىڭاچ پۇلپەرەسلىك ئىدىيىسىدۇر. بۇنداق ئىدىيىنى يېتەكچى قىلغانلار مۇقەررەر ھالدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا كېتىپ قالىدۇ. بەزىلەر شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىپ، ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىشتىن يانمايدۇ، ھەتتا قانۇنغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ، پارا بېرىش، پارا ئېلىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ سېتىش، يالغان، ساختا ماللارنى ئىشلەش، ئالدامچىلىق-ساختىپەزلىك قىلىش، پۇلنى دەپ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتەك ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىدۇ. بۇنى قانداقمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغانلىق دېگىلى بولسۇن، بۇ سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىزنى تۈپ ئاساسىدىن نابۇت قىلغانلىق، بۇ يولغا ماڭغانلار دۆلەت ۋە خەلققە زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ئاخىر بېرىپ ئۆزىنىمۇ ئورىغا تىقىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا چوقۇم ئىككى قوللۇق ئىش كۆرۈش كېرەك، بىر قوللۇق ئىش كۆرگەن بىلەن بولمايدۇ. ئىككى قوللۇق ئىش كۆرۈش دېگىنىمىز، بىر قولدا قۇرۇلۇشنى، بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش دېگەنلىكتۇر." ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنى چىڭىتىش، بارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قائىدىسىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ، كىشىلەر يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى ھەققانىي ھەرىكەت دەپ

كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەققانىيەت ئىزچىل تۈردە ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەققانىيەت دېگەنلىك مەنپەئەتكە ئېرىشىشتە ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ-لىق قىلماسلىق كېرەك، دېگەنلىكتۇر، بۇمۇ جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشى. دەرۋەقە ئەخلاق جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ كۈچ ئەمەس، قانۇنغا ئوخشاش سىرتتىن قاتتىق چەكلەش كۈچىگىمۇ ئىگە ئەمەس، لېكىن ئۇ ئەزەلدىنلا ئۆزگىچە يول بىلەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ۋە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا زور چەكلەش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئويناپ كەلدى. ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى، ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ يۇقى-رى-تۆۋەن بولۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، "كەيپىيات يامانلىشىپ كېتىۋەرسە، ئىقتىسادتا مۇۋەپپە-قىيەت قازىنىشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ باشقا بىر جەھەتتە سۈپەت ئۆزگىرىشى كېلىپ چىقىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىپ سۈپەت ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئەۋج ئېلىپ كېتىۋەرسە، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پاراخور-لۇق يامراپ كېتىدىغان دۇنيا شەكىللىنىدۇ". شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى باشلانغان 15 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى. لېكىن شۇنى يوشۇرۇش ھاجەتسىزكى، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىككە ئوخشاش ئېكسپىلاتور سىنىپلارنىڭ چىرىك، چۈشكۈن ئاڭ-پىكىرلىرى ۋە ھەرىكىتىنىڭ يەنىلا بازىرى بار، بۇلار جەمئىيەتتە يەنىلا تارقىلىۋاتىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېغىر دەرىجىدە چىرىتىۋاتىدۇ. بەزىلەر پۇلنى دەپ ئەقەللىي ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاق-نىمۇ كېرەك قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، پارتىيىۋىلىك، ۋىجدان، دۆلەت شەنى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتى دېگەنلەرنىمۇ چۆرۈپ تاشلىدى. بەزىلەر تېخى بۇنىڭغا ئاساس ئىزدەپ، قانداق-تۇر، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر يوسۇندا ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنى بەدەل قىلى-دۇ، دېگەن ئاتالمىش "بەدەل نەزەرىيىسى"نى توقۇپ چىقتى. يەنە بەزىلەر، پۇل بولسا ئەخلاقمۇ بولىدۇ، ماددىي مەدەنىيەت ياخشى يولغا قويۇلسا، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، دەپ قاراشتى. بۇ ئىككى خىل كۆزقاراش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن زىيانلىق. ئەمەلىيەتتە، ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەت، ئەخلاق قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قاتارلىقلار بىر-بىرىگە زىت مۇناسىۋەتتە ئەمەس، تەبىئىي توغرا تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتىمۇ

ئەمەس. ئەگەر مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق قۇرۇلۇشى تۇتۇلماي، پايدىنىلا ئىنتىلىدىغان، پايدىنى دەپ ۋىجداندىن كېچىدىغان چىرىك، چۈشكۈن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇلىدىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەنسېرى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاقنى ساقلاش شۇنچە زۆرۈر؛ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، ھەر خىل چىرىك، رەزىل ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە توسۇش لازىم؛ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، سەممىي بولۇش-لەۋزىدە تۇرۇش، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى يۆلەش-نامراتلارغا ياردەم بېرىش، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشتەك سوتسىيالىستىك روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم؛ ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسىنى، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىلا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن قالماي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بارلىق ھەرىكەتنىڭ بىردىنبىر مىزانى قىلىشى كېرەك، ئۇلارغا قاراشلىق كارخانىلارمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالىي مىزان قىلىشى كېرەك.“ سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئەھۋالدا بولۇشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، ھەم ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن. ئەگەر ئىجتىمائىي ئۈنۈم تەكىتلەنمەي، ھەدەپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم تەكىتلەنسە،

كۆپلەپ چاكىنا مەنىۋى مەھسۇلات ھەتتا زىيانلىق ”مەدەنىي ئەخلەت“لەر بازارغا تولۇپ كېتىدىغان، چىرىك ئىدىيە ۋە سېرىق مەدەنىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىشى ۋە بۇلغىشىغا يول قويۇپ ۋە ئىلھام بېرىپ قويىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بەزى نەپىس سەنئەت ۋە نادىر ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم ۋاقىتقىچە زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالىشى ناھايىتى قىيىن. بۇ ھال دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بۇنىڭغا زۆرۈر دەرىجىدە يار-يۆلەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تۆھپىكارلىق روھىغا ئىگە بولۇپ، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىشقا، نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈشكە تىرىشىشىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە مەسئۇلىيەتتىن كېچىپ، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ خەلقنىڭ روھىنى زەھەرلەيدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەپ قويۇشتەك ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، مەنپەئەتكە ئېرىشىشتا، مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى، ئاساسلىق ياكى ئاساسلىق ئەمەسلىكىنى ئايرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ماددىي مەنپەئەت شەخسنىڭ مەنپەئىتى، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى، قىسمەن مەنپەئەت ۋە ئومۇمىي مەنپەئەت، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت، ئاساسلىق بولمىغان مەنپەئەت ۋە ئاساسلىق مەنپەئەت دەپ ئايرىلىدۇ، ۋەھاكازا. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مانا بۇ مەنپەئەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم ھەم بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوقمۇ ئەمەس، گەپ ئۇنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى بويىچە بولغاندا، دۆلەت مەنپەئىتى كوللېكتىپنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئىتىدىن مۇھىم بولىدۇ، ئومۇمىي مەنپەئەت، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت، ئاساسلىق مەنپەئەت قىسمەن مەنپەئەتتىن، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتتىن ۋە ئاساسلىق بولمىغان مەنپەئەتتىن مۇھىم بولىدۇ. بىز ئىككى خىل مەنپەئەتنى دەڭسەپ بېقىپ مۇھىمىنى تاللىشىمىز، شەخسنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە، قىسمەن، كۆز ئالدىدىكى ۋە ئاساسلىق بولمىغان مەنپەئەتنى ئومۇمىي، يىراق كەلگۈسى ۋە ئاساسلىق مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تۈرلۈك مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزدىكى مۇھىم پرىنسىپ. ئىلگىرى، ”سول“چىل ئىدىيەنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شەخسنىڭ، قىسمەنلىكنىڭ ۋە يەرلىكنىڭ مەنپەئىتى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ھەتتا ئىنكار قىلىنغانىدى، ئۇنداق قىلىنىپ خاتا بولغان. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى باشلانغاندىن بۇيان، شەخسنىڭ، قىسمەنلىكنىڭ ۋە يەرلىكنىڭ مەنپەئىتى

ھەقلىق يوسۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە ئېتىبارغا ئېلىندى، ئەمما بۇنداق ئۆزگىرىش يۇقى-رىقى پرىنسىپنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن نەپسانىيەتچىلىك، تار مەھكىمىچىلىك، گۇرۇھۋازلىق، تارقاقچىلىق ۋە يەرلىك قورۇقچىلىق ئەۋج ئېلىپ ۋە يامراپ كەتسە كېتىۋەرسۇن دېگەن مەنا تېخىمۇ چىقمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ھەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ماددىي مەنپەئەتى بولۇشى كېرەك، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ھەر كىشىنىڭ دۆلەتنى، كوللېكتىپنى ۋە باشقىلارنى نەزەرگە ئالماي، مەخسۇس ئۆزىنىڭ ماددىي مەنپەئەتى ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس، ھەرگىزمۇ ھەر كىشىنىڭ پۇلغا ئىنتىلىشىنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ پەرقى قالامدۇ؟" سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى مەركەزلىك ھالدا خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئۇ باشقا بارلىق مەنپەئەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت مەنپەئەتى ئوبدان قوغدالغاندىلا، يەرلىكنىڭ، تارماقنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئەتى ئاندىن تولۇق راۋاجلىنالايدۇ؛ دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكەندە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا تۈرلۈك قىسمەن مەنپەئەتنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. بۇ — چىڭ قائىدە، بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا ۋە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىساق، ھەر بىر كىشى، ھەر بىر جاي ۋە تارماق دۆلەت مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتماي، ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئاساس قىلسا، ئۇ ھالدا مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ ۋە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ نوپۇزىنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇشقا ئامالسىز قالىمىز، بۇنداقتا قانداقمۇ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايمىز!

ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇشى لازىم. كوممۇنىستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەققانىيەت تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېمەكتۇر، پارتىيىمىز ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى ئۆز ئىشلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى قىلىدۇ. كوممۇنىستلار خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەندە، ھېچقانداق شەرت قويماسلىقى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە سىياسەتلىرىدە بەلگىلەنگەن دائىرىدىكى شەخسىي مەنپەئەتتىن باشقا، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھەرقانداق شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىشىگە ھەرگىز بولمايدۇ.

ئۇلار چىن دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ھەممە ئىشتا ئاممىنى ئويلاپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى؛ پارتىيىگە ۋە ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن مۇھىم بىلىشى، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن مۇھىم بىلىشى؛ جاپا تارتىشتا ئالدىدا، راھەت كۆرۈشتە كەيىندە تۇرۇشى، ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگە قەدەر بەجانىدىل ئىشلىشى كېرەك. ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان، شەخسىي نام-مەنپەئەت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان بۇنداق يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە بولمىغانلار پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتەلمايدۇ. كومپارتىيە ئەزاسى بولغان كىشى ئەگەر ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەپ، شەخسىي مەنپەئەتنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، ھەتتا شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىنتىزامنى بۇزۇش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، خىيانەت قىلىپ چىرىكلىشىش يولىغا مېڭىشتىن يانمايدىغان بولسا، ئۇ كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئاددىي پۇخرالىق سالاھىيىتىنمۇ يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغارلىرى، شۇڭا ئۇلار ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشتە ئومۇمىيلىق تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلغارلىق تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى يولىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى يولىدا، ئىنقىلابىي ئاڭغا ئىگە بارلىق ئىلغارلار زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىشى لازىم، بىز بۇنداق يۈكسەك ئەخلاقنى پۈتكۈل خەلققە، پۈتكۈل ياش-ئۆسمۈرلەرگە تىرىشىپ تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.“ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ كادىرلىرى بۇنداق يۈكسەك ئەخلاقنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشنىڭ نەمۇنىچىسى بولۇشى كېرەك.

ماركسىزملىق دۇنياقاراش توغرا بولغان ھەققانىيەت-مەنپەئەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى توغرا بولغان ھەققانىيەت-مەنپەئەت قارىشىنى تۇرغۇزماقچى بولىدىكەن، ئەڭ مۇھىمى، ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆز دۇنياقارىشىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: ”يالغۇز ماددىي شارائىتقا تايانغاندا، ئىنقىلابىمىز ۋە قۇرۇلۇشىمىز غەلىبە قازىنالمايدۇ. ئىلگىرى پارتىيىمىز ھەرقانچە ئاجىز چاغلاردىمۇ، ھەرقانچە زور قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندىمۇ، كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ كەلگەندى، چۈنكى بىزدە ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقاد بار ئىدى. ئورتاق غايە بولغاندا، پولاتتەك چىڭ

ئىنتىزامىمۇ بولىدۇ. بۇ ئۆتمۈشتە بىزنىڭ ھەقىقىي ئۈستۈنلۈكىمىز ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە شۇنداق بولىدۇ.” كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادتىن ھاسىل بولغان ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىق ۋە چاقىرىش كۈچى سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە قۇرۇ-لۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى كاپالىتى. بۇنداق مەنىۋى كۈچكە ھەرقانداق ماددىي كۈچ تەڭلىشەلمەيدۇ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى كوممۇنىستىك دۇنياقاراشنى مۇستەھكەم تىكلەپ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادنى چىڭىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئېنىق تونۇپ ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىككە ئوخشاش رەڭگارەڭ چىرىك ئاڭ-پىكىرلەرنىڭ چىرىتىشىنى ئاڭلىق توسۇشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئوبدان ئىجرا قىلىشى، شۇ ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت**

# ئىقتىسادىي دولقۇندىكى پەلسەپە

**چېن شيەندا**

بىز ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتىمىز. ئىقتىسادىي دولقۇن ئەۋج ئۇرماقتا. كەلگۈلۈك ھەممىدىن بۇرۇن ئىجتىمائىي پەنلەر تارمىقىغا، بولۇپمۇ پەلسەپىگە كەلدى. پەلسەپە بۇرۇنقى شانلىق نۇرىنى يوقاتتى، ئۇ قىيىن ئەھۋال ئىچىدە تىپىرلىماقتا: پەلسەپە ساھەسىدىكىلەر بىر بولسا پەلسەپىنى تاشلاپ، "ئالتۇن ئالما" تېرىش ئۈچۈن تىجارەت دېڭىزىغا چۈشىدۇ، بىر بولسا پەلسەپە بازىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ، يالغۇزلۇق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يول بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

بۇ نورمال ئەھۋالمۇ؟ نورمال ئەھۋال ئەمەس.

بازار ئىگىلىكى بىلەن پەلسەپە مۇتلەق قارىمۇقارشى ئەمەس. كاپىتالىزمنىڭ پۈتۈل تەرەققىيات جەريانى بۇنى ئىسپاتلىدى. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە، پەلسەپە بازار ئىگىلىكى كۈندىن-كۈنگە پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغان شارائىتتا راۋاجلانغان. 14-ئەسىردە ئەدەبىيات-سەنئەت قايتا گۈللىنىشكە باشلىغاندىن تارتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پەلسەپىمۇ كۈنسايىن راۋاجلاندى؛ 17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە پەلسەپىسىدە، 18-ئەسىردىكى فرانسىيە پەلسەپىسىدە ۋە 19-ئەسىردىكى نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىدە ئىنسانلار ئەقىل-پاراسىتىنىڭ شانلىق نۇرى چاقنايدۇ. بازار ئىگىلىكى دېگەنلىك ئەلۋەتتە ئومۇم خەلق تىجارەتچىلىك قىلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بولمىسا بېكون، لوك، ۋولتېر، رۇسسو، دىدېرو، كانت، گېگېللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ماركس-ئېنگېلسلارنىڭ بارلىققا كېلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئومۇم خەلق تىجارەتچىلىككە بېرىلىپ كەتسە، جەمئىيەتتە كاتتا بايلاردىن بىرنەچچىسى كۆپىيىشى مۇمكىن، لېكىن بىرمۇنچە مەدەنىيەت گىگانتلىرى ئۇجۇقۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ پايدىسى بارمۇ؟ ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر زور يوقىتىش ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، جەمئىيەت — بىر تەشكىلىي سىستېما، شۇنداقلا مۇرەككەپ

ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىن تەركىب تاپقان ئورگانىك گەۋدە. ئۇ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقىدىلا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالماي، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشقىمۇ ئېھتىياجلىق. بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئىقتىسادىي ھەرىكەت تۈزۈلمىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ رولى بايلىق ۋە ئەمگەك كۈچىنى تەقسىملەشتە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. جەمئىيەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئىش تەقسىماتى مەۋجۇت بولىدۇ؛ شۇڭا ئىجتىمائىي مەنىۋى ئىش تەقسىماتىدىكى ئالاھىدە ساھە بولغان پەلسەپە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئېغىر ھالدا بۇزۇلسا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى قاتتىق ئاجىزلاپ كەتسە، بۇ ھال بۇ ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تۈرلىنىپ پىشىپ يېتىلىشى ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ جۈملىدىن پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولمايلا قالماي، ئۇنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ داۋلىسى ناھايىتى ئاددىي، گەرچە ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغان دۆلەتلەر پەلسەپىدە باشلامچى بولۇپ ماڭالىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر دەۋردە پەلسەپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، خۇددى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىگە ئوخشاش ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. خۇددى قۇللارنىڭ ئەمگىكى قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنگە ئوخشاش، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ بوش ۋاقىت ۋە تېخىمۇ كۆپ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى، نەتىجىدە بىر قىسىم كىشىلەر (ھەتتا بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەر) ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىغا، جۈملىدىن پەلسەپە تەتقىقاتىغا بىۋاسىتە ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۆزىنىڭ ”قورساق“ مەسىلىسىدىن ئەندىشىسى قالمىغان مىللەتنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزۈشكە بەكرەك ”چولىسى“ تېگىدۇ ۋە ۋاقتى يېتىدۇ.

پەلسەپە ئاددىي ھالدا بازارغا يۈزلىنىدىغان ئىش يوق. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىمۇ شۇنداق. ئەگەر يالغۇز بازارلا نەزەردە تۇتۇلغان بولسا، كانتنىڭ ئۈچ چوڭ تەنقىدى مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى، گېگېل «روھ ھادىسىشۇناسلىقى» ۋە «لوگىكا شۇناسلىقى» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقمىغان بولاتتى. بۇ مەنىسى چوڭقۇر ئەسەرلەرنى چۈشىنىدىغانلار كۆپ بولمىغاچقا، ئۇنىڭ تىراژى بەكمۇ ئاز بولغانىدى. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تارقىلىپ كەلگەن

بەزى بەدىئىي ئەسەرلەرمۇ شۇنداق بولغان. نۇرغۇن رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى زاماندا بىر تىيىنگە يارىماس ئەسەر دەپ قارالغان، ئەمما ئاپتور ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئەسەرلەر تېپىلغۇسىز گۆھەرگە ئايلانغان. ھەممىدە پۇل قىممىتى ئۆلچەم قىلىنىدىغان، بازار يۆنىلىش قىلىنىدىغان بولسا، ”روھ“ مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ ئالمىجاناپ بېشىنى ئېگىپ پۇلغا سەجدە قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىمۇ ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار بۇ يولنى تۇتمايدۇ.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت. بىزنىڭ بەرپا قىلىدىغىنىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، ئۇ پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىدىغان بولۇشى كېرەك ھەم شۇنداق قىلالايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ماركسىزملىق پەلسەپە بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان قاراش، ئەمەلىيەتتە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان ئىدىئولوگىيىدىن ئايرىلسا، ئۆزىنىڭ ئىدىيە-مەدەنىيەت ئاساسىدىن ئايرىلسا بولىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئىدىئولوگىيە قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، مەدەنىيەت سۈپىتى ناچارلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا، ھەقىقىي سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش قىيىن.

بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەلسەپە ئىنتايىن مۇھىم. ياپونىيىلىك ئاتاغلىق بىر پەيلاسوپ، پەلسەپىسى يوق مىللەت نادان مىللەتتۇر، دېگەن. ھەقىقەتەن شۇنداق، پەلسەپىسى يوق مىللەت —— نادان مىللەت؛ ھالبۇكى، پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم نادان ئادەمدۇر. ئىلمىي دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيە شۇنداقلا ئىلمىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى بولغان ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئەمەلىي خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشتىكى رولى تەڭداشسىزدۇر.

بۇ دېگەنلىك پەلسەپە ”پاك تۇپراق“قا ئايلىنىشى، ھامان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە كەينىنى قىلىپ تۇرۇشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. دەۋر بىلەن ئالاقىسى بولمىغان پەلسەپە مەدرىس پەلسەپىسىدۇر؛ دەۋر ئېھتىياجىدىن ئايرىلغان پەيلاسوپلار كۇتۇپخانا پەيلاسوپىدۇر. بۇنداق پەلسەپە ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ، ئۇ جەزمەن قۇرۇپ قالىدۇ.

گەپ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشىمىزدە. بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىز ۋە مىزانىمىز مىشچانلارغا خاس نەزەر دائىرە ۋە مىزان بولماستىن، پەلسەپىۋى نەزەر دائىرە ۋە مىزان بولۇشى كېرەك.

بىر خىل كەسىپ سۈپىتىدىكى پەلسەپىدە تەربىيىلىنىپ چىققان ئوقۇغۇچى جەمئىيەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەر بازىرىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. پەلسەپە مەخسۇس ”ساپ“ پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە پەلسەپە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەردىن باشقا، ھەر خىل نەزەرىيە خىزمىتى ۋە ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنىمۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن پەلسەپىنىڭ خاراكتېرى ۋە سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە، بۇ ھال پەلسەپە كەسپىدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى تەپەككۇر سەۋىيىسىگە ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئۇلارغا ھەممە قىيىنچىلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچنى تۇتقۇزۇشىمىز كېرەك. ئۇلار باشقا كەسىپلەرگە پىششىق بولمىغانلىقتىن، دەسلەپتە ئىشقا تېزلا كىرىشىپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار كىرىشىپلا كەتسە، پەلسەپىنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۈتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. بۇنداق بولۇشىنى پەلسەپىنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. پەلسەپە گەرچە ناھايىتى ئابستراكىت بولسىمۇ، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى تولىمۇ كۈچلۈك، ئۇنى تەبىئەت، جەمئىيەت، تەپەككۇر قاتارلىق ھەرقانداق بىر ساھەگە تەتبىقلاشقا، ھەرقانداق بىر ئەمەلىي خىزمەت تارمىقىغا تەتبىقلاشقا بولىدۇ. پەلسەپە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى باشقا ساھەلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلسا، ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان نەزەرىيە خىزمىتى ۋە ئەمەلىي خىزمەتنى تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدا تۇرۇپ ياخشى ئىشلىشىگە پايدىلىق، ھەم پەلسەپىنىڭ بېيىشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. بىز ”ساپ“ پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۇنياقاراش، مېتودولوگىيە، بىلىش نەزەرىيىسى، قىممەت نەزەرىيىسى قاتارلىق تۈپ نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر بۆلەك پەلسەپە خىزمەتچىلىرىگە موھتاج؛ لېكىن بىز پەلسەپىنى ھەرقايسى پەنلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەرگە تېخىمۇ موھتاج. بۇنداق قىلغانلىق ماركسىزملىق پەلسەپە بازىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىك بولمايدۇ، بەلكى ھەقىقىي تۈردە ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ تەسىرىنى

ھەرقايسى پەن تارماقلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىق بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ماركسىزملىق پەلسەپە ”ساپ“ پەلسەپە بولماستىن، پۈتكۈل ماركسىزم سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ماركسىزمدىن ئىبارەت مۇكەممەل سىستېما ئىچىدە، ماركسىزملىق پەلسەپە ماركسىزمنىڭ باشقا تەركىبىي قىسىملىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ماركسىزملىق پەلسەپە پرولېتارىياتنىڭ مېڭىسى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش رولى ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىدە ۋە ئەمەلىيىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ؛ ئوخشاشلا ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ پەلسەپە نەزەرىيىسى ۋە پەلسەپىۋى ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقاتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. «1844-يىلدىكى ئىقتىسادىي -پەلسەپىۋى قوليازمىلار» دىن تارتىپ «كاپىتال» غىچە بولغان ئەسەرلەردە بۇنداق بىرلەشتۈرۈش ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ دەۋر بۆلگۈچ ئىشتا ئەلۋەتتە ھەرقايسى جەھەتلەردىن نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ بۇنىڭدا ئەلۋەتتە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، پەلسەپە خىزمەتچىلىرى ئالدىدىمۇ ئوخشاشلا ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن خىزمەتلەر تۇرۇپتۇ. پەلسەپىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، پەلسەپىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆزىتىش نۇقتىسى بار. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەمگەكچىلەر، ئەمگەك ۋاسىتىلىرى (بولۇپمۇ ئەمگەك قوراللىرى) ۋە ئەمگەك ئوبيېكتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلىنى ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشىدۇ. پەلسەپىدە بۇنداق ئەمەس. پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپلا قالماستىن، تارىخىي پائالىيەتنىڭمۇ سۇبيېكتى. ئەمگەك قوراللىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ كۆرسەتكۈچى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ۋاسىتىسى. ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى ئىستېمال قىممىتى بىلەن قىممەتنىڭ بىر

پۈتۈن گەۋدىسى بولغان تاۋار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك كۈچى ئوبيېكتلاشتۇرۇلغان، ھېسسىي تۈس ئالغان، ئېچىۋېتىلگەن كىتابتۇر. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسان تەرەققىياتى مەسىلىسى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىسىدۇر. پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئادەملەرنىڭ ئىقتىدارى، خاراكتېرى بىلەن، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلىق ئۈستىدە پەلسەپە جەھەتتىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «1844-يىلدىكى ئىقتىسادىي-پەلسەپىۋى قولىيازمىلار» دېگەن ئەسەرنىڭ ئادام سىمىت بىلەن چوڭقۇر ئالاقىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىلىقلا توختىلىدىغان تار نەزەر دائىرىدىن خالاس بولۇپ، ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىن قول ئۈزۈش، ياتلىشىشنى تۈگىتىش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئادەمنى ئازاد قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ھادىسە ئۈستىدىكى تەھلىلنى نوقۇل ئىقتىسادىي تەتقىقاتتىن پەلسەپە قاتلىمىغا ئېلىپ كىرگەن.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تۆرەلىپ پىشىپ يېتىلىشى ھەرگىزمۇ پەلسەپىنى كارغا كەلمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. ئەمەلىيەتتە رېئال ئەمەلىيەت نۇرغۇن پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. پەيلاسوپلار نەزەر دائىرىسىنى رېئاللىققا قارىتىشى كېرەك. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ پەرقى ۋە ئورتاقلىقى يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پەلسەپە مەسىلىسىدۇر. ھەر ئىككىسى بازار ئىگىلىكى بولغاچقا، ئۇلار ئەلۋەتتە ئورتاقلىققا ئىگە، ھەر ئىككىسى ئىجتىمائىي بايلىقنى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى تەقسىملەش ئۇسۇلىدۇر، يەنە كېلىپ ھەر ئىككىسى رىقابەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىراق ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تۈپ ئاساسىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بازار ئىگىلىكى مۇستەقىل ئىقتىسادىي تۈزۈم ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى تايىنىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بېقىنىدۇ. كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىدە، رىقابەت ئارقىلىق ياخشىلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىنىپ، ناچارلىرى شاللاپ تاشلىنىدۇ، نەتىجىدە بايلىقنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەھۋالى كۆچىيىپ كېتىدۇ؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىمۇ رىقابەت داۋامىدا ئوخشاشلا

ياخشىلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىنىپ، ناچارلىرى شاللاپ تاشلىنىدىغان، بىر قىسىم كارخانىلار ۋەيران بولىدىغان، قوشۇۋېتىلىدىغان ۋە باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت، ئەمما سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى ۋە بايلىقنىڭ مەركەزلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، بەلكى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يولىنى تۇتماي، ئورتاق بېيىش يولىنى تۇتۇش — سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى. سوتسىيالىزمدا يارىتىلغان بايلىق بىرىنچىدىن دۆلەتكە، ئىككىنچىدىن خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ، شۇڭا، بىزدە يېڭى بۇرژۇئازىيە پەيدا بولمايدۇ. بايلىقنىڭ دۆلەت ئالىدىغان قىسمىمۇ خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئاز-تولا سەرپ قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ زور كۆپ قىسمى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 251 — 252-بەتلەر) بازار ئىگىلىكىنى ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن چەتلەپ تۇرۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئىككى خىل بازار ئىگىلىكىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى يوققا چىقىرىپ قويىمىز. بۇ يەردە دىئالېكتىكا مەسىلىسىمۇ، ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراش مەسىلىسىمۇ بار.

پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئادەملەرنىڭ ئازادلىق مەسىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زور.

بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرگەن ئىككى خىل بازار ئىگىلىكى تۇرۇپتۇ: كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى يېپىق، ئۆز-ئۆزىنى قامدايدىغان فېئودال يەر ئىگىسى تىپىدىكى جاڭزا ئىگىلىكى ۋە ئۇششاق تاۋار ئىگىلىكىدىن پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بولسا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن ئۆزگىرىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ ئىككىلا خىل ئۆزگىرىشتە ئادەملەرنىڭ ئازادلىق مەسىلىسى مەۋجۇت، ئەمما ئەھۋال بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ئادەملەر ئۈچۈن بىر خىل ئازادلىق ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمگەكچىلەر فېئودال ئاسارەتتىن ۋە جىسمانىي بېقىندىلىقتىن

قۇتۇلۇپ، ئەمگەك كۈچىنى سېتىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشكەن، ئىگىدارلار پايدىغا ئېرىشىش ۋە بايلىق توپلاش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بىراق كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، كەسكىن رىقابەتتە ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش داۋامىدا، ئادەملەر ئۆزى ياراتقان نەرسىنىڭ يەنى تاۋار ۋە پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ. ئەركىنلىك ئىچىگە ئەركىنسىزلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل ئۆزگىرىش يەنى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش كىشىلەرنىڭ يەنىمۇ ئازادلىققا ئېرىشىشى ھېسابلىنىدۇ.

پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئېلىمىز قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بىراق، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىللا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ كارخانا باشقۇرغۇچى-لىرىنىڭ ۋە ئىشچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى چەكلەپ قويىدىغانلىقىنى كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئېھتىياجىنى مەسئۇل تارماقلارنىڭ پىلانى ئارقىلىق بەلگىلەپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. تولۇق بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان يېڭى بىر خىل چەكلىمىگە ئايلىنىپ قالىدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بازار رىقابىتىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ھەقىقىي تۇردە ئۆز ئالدىغا تەدبىر كۆرىدىغان، بازارنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچاندى-لىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان سۇبيېكتلاردىن بولۇشقا زورلايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى رىقابىتى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتى جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. دەل رىقابەت داۋامىدا ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى قوزغىلىدۇ. بىراق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئادەملەرنىڭ ئازادلىقى ئۇزۇل-كېسىل بولمايدۇ، يالغۇز بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەكس تەسىرىلا بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئەمەس، ئۇچۇرغا ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئاستا بولۇشى ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان مەلۇم دەرىجىدىكى قارىغۇلۇقمۇ ئىقتىدارنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىنى چەكلەپ قويىدۇ. ماك-رولۇق تىزگىنلەش تامامەن زۆرۈر. ماكرولۇق تىزگىنلەش بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆزئارا تولۇقلاپ تۇرغاندىلا، ئىقتىساد ئاندىن ساغلام راۋاجلىنالايدۇ، جەمئىيەت ئاندىن ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلالايدۇ، ئادەملەر ئاندىن يەنىمۇ ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ.

بازار ئىگىلىكى بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىمۇ كىشىلەر ئىزچىل تالاش-تار-

www.uyghurkitap.com

تىش قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلىنىڭ بىرىدۇر. بازار ئىگىلىكى زادى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرەمدۇ ياكى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى كەلتۈرەمدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق، تارىخىي يوسۇندا تەھلىل قىلىش كېرەك. ئالايلۇق، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىپتىدائىي جۇغلىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ مەزگىلدە، بازار تولۇق يېتىلىپ بولمىغان بولغاچقا، سودا ئەخلاقىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى مۇقەررەر، تۈرلۈك قاقتى-سوقتى قىلىش ۋە ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان شارائىتتا ئۆزئارا رىقابەتلىشىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالغان. ئېنگېلس «ئەنگلىيىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى» نىڭ 1892-يىل نېمىسچە 2-نەشرىگە يېزىپ بەرگەن سۆز بېشىدا ئەخلاقنىڭ بۇنداق چۈشكۈنلىشىپ كېتىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: ھازىرقى زامان سىياسىي ئىقتىسادنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ”كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش قانچىكى راۋاجلانسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىتىكى ئالاھىدىلىكى بولغان ئۇششاق-چۈششەك ئالدامچىلىق ۋە قاقتى-سوقتى قىلىش ۋاستىلىرىنى شۇنچە قوللىنالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.“ («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4-توم، خەنزۇچە نەشرى 272-بەت) نېمە ئۈچۈن بازارنىڭ پەيدىنپەي تۈرلىنىپ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، سودا ئەخلاق سەۋىيىسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە تىجارەت بارغانسېرى مەدەنىيلىشىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ۋىجداننىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن بولماستىن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا رىقابەت شارائىتى ۋە ئەھۋالىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىندۇر. ئېنگېلس 19-ئەسىردىكى گېرمانىيىنىڭ سودا ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”يىرىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، گېرمانىيىدە نۇرغۇن ئىشلاردىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ نېمىسلار فىلادېلفىيىدە سانائەت جەھەتتە يېڭى ئورۇنشى قىلغاندىن كېيىن، نېمىسلارنىڭ تازا قېلىپلاشقان پرىنسىپىنىڭمۇ ئىناۋىتى يەر بىلەن يەكسەن بولدى، بۇ پرىنسىپ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاۋۋال كىشىلەرگە ياخشى ئەۋرىشكىلەرنى كۆرسىتىپ قوي، ئاندىن سۈپىتى ناچار ماللارنى يەتكۈزۈپ بەر، ئۇلار رازى بولماي قالمايدۇ؛ راست دېگەندەك، بۇ نەيرەڭۋازلىقلاردىن چوڭ بازاردا پايدا چىقمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ يەردە ۋاقىت پۇل ئورنىدا قەدىرلىنىدۇ، ئۇ يەردە سودا ئەخلاقى مۇقەررەر ھالدا بەلگىلىك سەۋىيىگە يېتىدۇ، بۇنىڭغا ئېتىكا ئەسەبىيلىكى سەۋەبچى بولغان ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدا ۋاقىت ۋە ئەمگەكنىڭ بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىشلا كۆزدە تۇتۇلغان.“ ئېنگېلس بۇنىڭغا ئاساسەن:

”قارىغاندا يىرىك ساناڭەتتىمۇ بەزى ئەخلاق مىزانلىرى بارلىققا كەلگەندەك تۇرىدۇ“ («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4-توم، خەنزۇچە نەشرى 272-، 273-بەتلەر) دەپ يەكۈن چىقارغان. بازار ئىگىلىكى مۇقەررەر يوسۇندا ئەخلاقتا چۇشكۈنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەيدىغان قاراش بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر، ئەمەلىيەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە پىشىپ يېتىلىشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئېلىمىزدە بەزى جەھەتلەردە ئەخلاق سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىش ۋە قىممەت قارىشى قالايمىقانلىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇرەككەپ، بۇنىڭغا بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەكس تەسىرىمۇ سەۋەبچى بولغان، تەلىم-تەربىيە جەھەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلگەنلىكى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ چىڭ تۇتۇلمىغانلىقى تېخىمۇ سەۋەبچى بولغان. شۇنى مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى چوقۇم پەيدىنپەي ئۆسىدۇ.

گەرچە پەلسەپە قىيىن ئەھۋال ئىچىدە ئىلگىرىلىيەلمەي قېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرگىز توختىتىپ قويمايدۇ. پەلسەپە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، پەلسەپىدىن باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا بولمايدۇ. لېكىن پەلسەپە خادىملىرى باشقا ساھەلەردىكى چوڭ-چوڭ ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى پەلسەپە نۇقتىدىن تەتقىق قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، ماركس تەرىپىدىن مېڭە، چاقماق، تاڭدىن خەۋەر بېرىدىغان خوراز دەپ ئاتالغان پەلسەپە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ھەم جانلىق ئەمەلىيەت داۋامىدا چوقۇم ئۆز ئۇنۇمىنى ۋە قىممىتىنى بارغانسېرى نامايان قىلىدۇ.

(ئاپتور: جۇڭگو خەلق داشۆسى پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان سابىت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# يېزا ئىگىلىكىنى ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تۇتۇش لازىم

—— «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

**ئۈلجى**

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان 15 يىللىق مۇساپىنى ئەسلەپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ”باش لايىھىسى“دە يېزا ئىگىلىكىنى باشتىن-ئاخىر ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېزا ئىگىلىكى ئاساس دېگەن ئىدىيىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپتىن، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتىن كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. دۆلىتىمىز گەرچە 40 نەچچە يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئارقىلىق يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولۇش ئورنى ئۆزگەرمىدى. ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكى جەمئىيەت تىنچلىقىنىڭ ئاساسى. دۆلەت ئۈچۈن خەلق ھەممىدىن مۇھىم بولىدۇ، خەلق ئۈچۈن ئاشلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. يېزا ئىگىلىكى مۇقىم بولسا، ھەممە كەسىپلەر مۇقىم بولىدۇ؛ يېزا مۇقىم بولسا، ئومۇمىي ۋەزىيەت مۇقىم بولىدۇ. شۇڭلاشقا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ” جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتى يېزىدا، جۇڭگونىڭ مۇقىم بولۇش-بولماسلىقى ئالدى بىلەن ئاشۇ % 80 ئاھالىنىڭ مۇقىم بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 131-بەت، تۆۋەندىمۇ شۇ كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەندە، بەت نومۇرىلا بېرىلدى) ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىكى دۆلەت مۇستەقىل بولۇشىنىڭ ئاساسى. دۆلىتىمىز بىر مىليارد 200 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار چوڭ دۆلەت، ئەگەر يېزا ئىگىلىكى ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن چاتاق چىقىپ قالسا،

دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەتمۇ بىزگە ياردەم قىلالمايدۇ.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ بۇنداق ئاساسلىق ئورنى ئۇنىڭ باشتىن-ئاخىر ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى بولۇشىنى بەلگىلىگەن. يېزا مەسىلىسى باشتىن-ئاخىر جوڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ ئاساسىي مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى جوڭگو ئىنقىلابىدا دېھقانلار ۋە يېزا مەسىلىسىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ مەسىلىنى تۇتۇۋالغاچقا، ئىنقىلاب غەلىبە قازانغانىدى؛ ھازىر جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىمۇ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار مەسىلىسىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ مەسىلىنى بوشاشماستىن ياخشى تۇتۇش لازىم. دۆلىتىمىزدە نوپۇس كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز. دۆلىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكى ھەم بازاردىكى خېيىم-خەتەرنىڭ چەكلىمىسىگە، ھەم تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇ خەلق ئىگىلىكىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمما ئۆز ئۈنۈمى تۆۋەن كەسىپ بولۇپ، تاۋار بازىرىدىكى رىقابەتتىمۇ، ئىقتىسادىي بايلىق رىقابىتىدىمۇ بىرقەدەر ئاجىز ۋە پايدىسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات مىقدارى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىگىلەش مىقدارى تۆۋەن، ئەگەر ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلماي، چوڭراق داۋالغۇش يۈز بېرىپ قالسا، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز يېزا ئىگىلىكىنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئارقىلىق ئالاھىدە قوغداپ، ئۇنى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىدا مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇشىمىز لازىم. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: ”يېزا ئىگىلىكى — تۈپ ئاساس، بۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك.“ (44-بەت) ”يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇتۇش لازىم.“ (740-بەت)

ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغاندا يېزا ئىگىلىكىنى چىڭ تۇتقىلى ۋە ياخشى تۇتقىلى بولىدۇ؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى گەۋدىلىك قىلىپ تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىكىنى ياخشى تۇتۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭ تەسىراتىم، مۇنداق بەش جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**بىرىنچى، سىياسەت جەھەتتىن ياخشى مۇھىت يارىتىش ـ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، بىرىنچىدىن سىياسەتكە تايىنىش، ئىككىنچىدىن ئىلىم-پەنگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.“ (32-بەت) مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلاردىكى تۈپ مەسىلە يەنىلا سىياسەت مەسىلىسى. توغرا سىياسەت بولغاندىلا، ئاندىن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش

www.uyghurkitap.com

ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئېلىمىز يېزا ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت باش فاكْجېنىنى چۆرىدىگەن ھالدا، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر يۈرۈش كونكرېت سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغاپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت.

ھازىر، دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاچقۇچلۇق دەۋردە تۇرماقتا. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بەزى يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، بىر قەدەر گەۋدىلىكرەك مەسىلە ئۈنۈم بىر قەدەر تۆۋەن بولۇش، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستا بولۇش مەسىلىسى. بۇ مەسىلىلەر دېھقانلار ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، ئەگەر ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى تۇرغان گەپ. ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىزدىن، بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتىنى داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇشنى ھەم ئەمەلىيەت جەريانىدا ياخشىلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى ۋاقتىدا تۈزۈپ ۋە تەڭشەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ بىر قاتار سىياسەت مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، سىياسەت جەھەتتىن مۇھىتنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى بىرقەدەر كۆپ ئاشقانلىقى ئۈچۈن، تەننەرخى بەك يۇقىرى بولىدىكەن دەپ دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى، بەزى رايونلاردا تېرىلغۇ يەرلەرنى ئاق قالدۇرىدىغان، تېرىماي تاشلىۋېتىدىغان، يىرىك تېرىيدىغان ھادىسىلەر پەيدا بولدى. ”ئاشلىق ئەرزەنلىسە، دېھقانغا زىيان“، ئاشلىقنىڭ باھاسى بەك تۆۋەن بولۇپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا پايدا تەگمىسە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىدۇ؛ ”ئاشلىق قىممەت بولسا، پۇقرالارغا زىيان“، ئاشلىقنىڭ باھاسى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولۇپ كەتسە، ئىستېمالچىلارنىڭ چىقىمى كۆپىيىپ كېتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدۇ. ئاشلىق باھاسى پۈتكۈل مال باھاسىدىكى ئاساس خاراكتېرلىك باھا، ئاشلىق باھاسى ھەممە باھانى يېتەكلەيدۇ. ئاشلىق باھاسىنى مۇۋاپىق سەۋىيىدە تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ بىزدىن يولداش جياڭ زېمىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا

"ئۈچىنچى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىككىنچى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش"، يەنى تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، مەھسۇلات مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئامباردىكى ئاشلىق زاپىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئومۇمىي مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، رايونلار ئارا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش-سېتىش بويىچە مۇۋاپىق بولغان باھا شەكىللىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان "قويۇۋېتىشمۇ، باشقۇرۇشمۇ بولغان، باشقۇرغاندىمۇ ئۆلۈك باشقۇرمايدىغان، سېتىۋېلىش-سېتىشقا قولايلىق بولغان، يۆتكەشكە ئەپلىك بولغان" ئاشلىق بازىرىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق سىياسەت-تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشنى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئىككىنچى، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن سېلىنمىنى كۆپەيتىش - يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.**

يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان سېلىنما — يېزا ئىگىلىكىدە كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ماددىي ئاساسى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەلا سۈپەتلىك نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىرىش شارائىتىنى ياخشىلىماي بولمايدۇ، ھالبۇكى، يېتەرلىك سېلىنما بولمىسا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلايمىز دېيىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىدە بىرقانچە قېتىملىق مۇقىمسىزلىقنىڭ پەيدا بولۇشى سېلىنمىنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سۇ ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى، سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرى ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قېلىش، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان سېلىنما يېتەرلىك بولماسلىق زىددىيىتى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى. بۇ ھال بىزدىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى، سانائەت قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن بىرقانچىسىنى قىسقارتىۋەتسەكمۇ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىچكى موڭغۇلدا 1993-يىلدىن 1994-يىلغىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن سۇغىرىش كاپالەتكە ئىگە ئېتىز-ئېرىق كۆلىمى 1 مىليون 167 مىڭ موغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 916 مىڭ موغا، ياخشىلانغان ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 1 مىليون 248 مىڭ موغا،

www.uyghurkitap.com

سۇ، تۇپراقنى ساقلايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن يەر كۆلىمى 5 مىليون 701 مىڭ موغا يەتكەن. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىز-ئېرىق ۋە غوللۇق سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرىنىڭ غايەت زور رولى جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن، قاتتىق قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ، 1994-يىلى ئېچكى موڭغۇلنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن يەنىلا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10 مىليارد 830 مىليون كىلوگىرامغا يەتتى، تارىختا ئىككىنچى قېتىم يۇقىرى ھوسۇل ئېلىنغان يىل بولدى؛ چارۋا مالنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانى 57 مىليون 112 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1993-يىلدىكىدىن 1 مىليون 334 مىڭ تۇياق كۆپىيىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىشتە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدىكى سېلىنما نىسبىتىنى جۇملىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى نىسبىتىنى، مالىيە سېلىنمىسىدىكى نىسبىتىنى ۋە ئىناۋەتلىك قەرز سېلىنمىسىدىكى نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ھەر تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش لازىم، بىر تەرەپكىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ. مەركەز، جايلار، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، كۆپ قاتلام، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا ۋە ئەمگەك جەھەتتىن سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش لازىم. دېھقانلارنى ئەمگەك جۇغلانمىسى شەكلى ئارقىلىق ئېتىز-ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم، بۇمۇ بىر خىل مۇھىم سېلىنما. يېڭى مەبلەغ توپلاش يوللىرىنى پائال ئېچىپ، ئىشكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ سېلىنمىنى كۆپەيتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەبلەغنى ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئىشلىتىپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. سۇ ئىنشائاتى، تاۋار ئاشلىق بازىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مۇھىم تۈرلەرگە سېلىنما سېلىشتا، مەبلەغنىڭ ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىلىشىگە، مەخسۇس پۇلنىڭ مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىلىشىگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىپ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە ھەرقانداق شەخسنىڭ تۇتۇپ قېلىشىغا ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىشىگە يول قويماسلىق لازىم.

**ئۈچىنچى، ئىلىم-پەن، مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى بوشاشماستىن يولغا قويۇش — يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.**

يولداش دېڭ شىياۋپىڭ پەن-تېخنىكىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى چوڭقۇر كۆزەتكەندىن كېيىن چىقارغان يەكۈنى بولۇپ، ماركسىزمنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”يېزا ئىگىلىكىدە قىلىدىغان ئىشلار تولا، بىز بۇ ئىشلارنىڭ ئېپىنى تېخى تاپالمىدۇق. يېزا ئىگىلىك ئالىملىرى نۇرغۇن ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتىنى ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشىنى تازا كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى بويىچە نۇقتىلىق ئوبيېكتلاردا ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ھەقىقىي تەشكىلاتچىلىق قىلىش لازىم.“ (43-بەت) بۇ بايانلار ئېلىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېزا ئىگىلىك پەن-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالغا بېسىش نىشانىنى يورۇتۇپ بەردى.

يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن شەرت-شارائىت ھازىرلىنىشى لازىم، ھازىرقى باسقۇچتا، مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، مۇھىم نۇقتىنى پەن-تېخنىكىنى قوللىنىشنى كېڭەيتىشكە قارىتىش لازىم. ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، ئاخىرقى ھېسابتا، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىدا زور بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا ۋە پەن-تېخنىكىنى كەڭ قوللىنىشقا باغلىق. نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە پەن-تېخنىكا ئامىللىرىنىڭ سالمىقى %35 — %40 ئەتراپىدا، ئىچكى موڭغۇلدا ئاران %26، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بۇ نىسبەت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %70تىن ئاشىدۇ، دېمەك، ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق ناھايىتى چوڭ. كۆپلىگەن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەن-تېخنىكا ئەڭ ئاساسلىق، يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ زور ئۈنۈم ئامىلى، ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى قوراللاندۇرۇش، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش - يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئېلىمىز يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا زور يوشۇرۇن كۈچ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئەگەر تەدبىر كۈچلۈك بولسا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەن-تېخنىكا ئامىلىنى %10 ئۆستۈرۈش يەتكىلى بولمايدىغان نىشان ئەمەس ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان ئۈنۈم خېلى ياخشى بولىدىكەن. يېزىلاردا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش پەن-تېخنىكىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويىدى. مەيلى ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، بازار ئۆچۈرىنى ئىگىلەش بولسۇن، ياكى مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش بولسۇن، ھېچقايسىسى پەن-تېخنىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پەن، مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى پەيدىنپەي پەن-تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا سېلىشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

پەن-تېخنىكا قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكى-
سىنى ئېچىش، كېڭەيتىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈ-
رۈش؛ يېزا ئىگىلىكى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل ئىختىساسلىق تېخنىكا خادىمل-
ىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ، تەربىيىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يارامل‍ىق
تېخنىكىنى ئىگەللەش ۋە قوللىنىشىغا ياردەم بېرىش؛ پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈ-
رۈشنى ياخشى تۇتۇش، نۇقتىلىق تۈرلەر بويىچە ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە تەشكىللەش لازىم.

**تۆتىنچى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش — يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر يولى.**

ئۇزاقتىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن، ئېشىش سۈرئىتى ئاستا بولۇپ كەلدى،
بۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار كۆپ، ئەمما يېزىلاردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ
تولىمۇ كۆپ بولۇشى، ئەمگەكچىلەرنىڭ قابىلىيىتىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلماسلىقى ئاسا-
سىي ئامىللاردىن بىرى. تەخمىنىي ھېسابلىنىشىچە، دۆلىتىمىزدە ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ
ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە تەخمىنەن 200 مىليون يېزا ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش
پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش لازىم ئىكەن. مۇشۇنداق غايەت زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچى چوڭ
شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىدىغان بولسا، ياتاق، تازىلىق، مائارىپ، قاتناش ۋە ئامانلىق ساقلاش
قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. قانداق قىلىپ بۇ
مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش توغرىسىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ نۇرغۇن مۇپەسسەل
بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، ئۇ: ”يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى
قاتلاشتا، ئاشلىققىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، ئاساسلىقى، كۆپ خىل ئىگىلىككە تايىنىش
كېرەك“ (43-بەت) دەپ كۆرسەتتى، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كۆپ خىل ئىگىلىك يېزا ئىگى-
لىكىدە تۈجۈپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويۇشقا ئوخشاش، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇس
كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇش، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تەبىئىي بايلىقنى ئىگىلەش
مىقدارى يېتىشمەسلىكتەك ئاساسىي ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. كۆپ خىل ئىگىلىك
تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچلىرىنى سىغدۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىك بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش-
قا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈ-
رۈشكە، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكانىيەت
يارىتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق،
تەرتىپلىك يۆتكىلىپ تۇرۇشى، بىرىكىشى، تەقسىملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەر بىلەن
يېزىلارنىڭ بىر گەۋدىلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتەلەيدۇ. يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇ-

رۇشتا يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە بېلىقچىلىق ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئارىسىدا ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ھاسىل بولغان، سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى زىچ تۇتاشتۇرۇلغان، 1-، 2-، 3-كەسىپلەر تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان يېڭى قۇرۇلمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش يولىغا مېڭىش لازىم. ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق خەلق ئىگىلىكىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى، يېزىلارنىڭ ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى ۋە شەرتسىز ۋەزىپە قىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر. بىز بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزگە تايىنىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم كۆرىدىغان، قاپلاش دائىرىسى كەڭ، ئۈنۈمى يۇقىرى، يېزىلارنىڭ ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى، توشۇپ سېتىش كەسپىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم؛ يېزا-بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، لايىقىدا مەركەزلەشتۈرۈشىمىز، رىقابەت ئىقتىدارى بار بولغان داڭلىق، ئالاھىدە، قىس، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاشنى يولغا قويۇپ، مەلۇم كۆلەملىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ياكى رايون خاراكتېرلىك تايانچ كەسپلەرنى بارا-بارا شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، ئىچكى موڭغۇلنىڭ يېزا ئىقتىسادى، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادى ھەتتا پۈتكۈل ئىقتىسادىنىڭ قىياپىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش ياساشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

**بەشىنچى، ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش شەرتى ئاستىدا، يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋە يېزىلاردىكى بۈگۈندىن كېيىنكى ئىسلاھات ھەم تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىدۇر.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "جۇڭگودا سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا، يىراقنى كۆزدە تۇتقاندا، ئىككى سەكرەش بولۇشى لازىم.

بىرىنچى سەكرەش — خەلق گۇڭشېسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش. بۇ بىر چوڭ ئىلگىرىلەش، بۇنى ئۆزگەرتمەي ئۆزاققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى سەكرەش — ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا، مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى، كوللېكتىپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش.“ (739—740- بەتلەر) 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىسلاھاتىدا ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش يولىنى تاپتۇق، بۇنىڭ بىلەن، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغالدى، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد بولدى، يېزا ئىقتىسادى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاشتى، يېزا ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ”بىرىنچى سەكرەش“نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى يېزىلارنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنىڭ پۈتۈن كىيىنىپ، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئاندىن پۈتۈن كىيىنىپ، توق يېيىش سەۋىيىسىدىن ھاللىق سەۋىيىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. ئەمما مەملىكىتىمىزنىڭ ئادىمى كۆپ، يېرى ئاز بولۇشتەك ئەھۋالى دۆلىتىمىزنىڭ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا توغرا كېلىدىغان يەر كۆلىمى ئەڭ ئاز بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش ئاساسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان تارقاقلىشىپ كېتىش، كۆلەم كىچىك بولۇش ئەھۋالى بىلەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن گەۋدىلىنىپ چىقماقتا. مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر دېھقان ئائىلىسىگە توغرا كېلىدىغان يەر ئون موغىمۇ يەتمەسلىكتەك ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى ئادەتتىن تاشقىرى كىچىك بولۇش ئەھۋالى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا، ئىلغار پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىشكە، دېھقانلارنىڭ يەرگە سالىدىغان دەسمايىسىنى كۆپەيتىشكە پايدىسىز بولۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخى يۇقىرى بولۇش، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە دېھقانلار كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بۇ گەۋدىلىك زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ يولى مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ”ئىككىنچى سەكرەش“نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. تارقاق باشقۇرۇشتىن مۇۋاپىق كۆلەملىك باشقۇرۇشقا ئۆتۈش يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەنلىكى-

نىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە
دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى، شۇنداقلا ھازىرقى باسقۇچتا يېزا ئىگىلى-
كىمىزنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسى. لېكىن مەملى-
كىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، يېزا ئىگىلىكىنى كۆلەملىك باشقۇ-
رۇشقا زور كۆپ ساندىكى رايونلاردا ھازىر تېخى شارائىت يار بەرمەيدۇ، شۇڭا ئائىلە بويىچە
مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش ئاساسىدا، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش
قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەش-
تۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشقا پەيدىن-
پەي بۇرۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر بايلىقى مول، ھازىر
تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 126 مىليون موغا يېتىدۇ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
5.5 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمىدىن
ئېيتقاندا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دېھقانچىلىققا باب
كېلىدىغان، ئېچىشقا تېگىشلىك 139 مىليون مو يەر بار؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشى-
مۇ مەلۇم سەۋىيىگە يەتتى، يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملەك ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشىنى
پەيدىنپەي ئىلگىرى سۈرۈش شارائىتى بار، بەزى جايلاردا بۇ ئىشنى بالدۇرراق يولغا قويۇشقا
بولىدۇ. كونكرېت يولغا قويۇش داۋامىدا، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش پرىنسىپى بويىچە ئىش
كۆرۈپ، بەشكە بىرلەشتۈرۈشكە ئوبدان ئەھمىيەت بېرىش، يەنى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاش-
تۇرۇشنى تېزلىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، تاۋار ئاشلىق بازىسى قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەش-
تۈرۈشكە، دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇن، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ۋە ئىشلەپچىقى-
رىشتىن كېيىن مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى-
نى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك،
ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، سودا، سانائەت،
يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنى لېنىيىلەش-
تۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇشۇ ئاساستا "ئىككىنچى سەكرەش"تىن ئىبارەت ستراتې-
گىيىلىك نىشانغا پەيدىنپەي يېتىش لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يېزا ئىگىلىكىنى تۇتۇش
ئىدىيىسى ئەمەلىيەت داۋامىدا غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسەتتى، يۈز مىليونلىغان خەلق
ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىدى ۋە ئۇرغۇتتى، نەتىجىدە، ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 15 يىل ئىگىلىكىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچى

ھەممىدىن بەك ئۇرغۇغان، ئىقتىسادىي كۈچىمىز ھەممىدىن تېز ئاشقان، خەلققە مەنپەئەت ئەڭ كۆپ تەگكەن مەزگىل بولدى. ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېزىلاردا خېلى بۇرۇن ”ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى“ يولغا قويۇلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ”يايلاق بىلەن چارۋىنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى“ يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا 6.6 پىرسەنتلىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ، ئالدىنقى 26 يىل (1952 —— 1978) دىكى 2.5 پىرسەنتلىك ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن بەكلا تېز بولدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا يەتتە يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، 1993-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق مەھسۇلاتى 499.2 كىلوگىرامغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن، 20 نەچچە يىلدىن بېرى دۆلەتنىڭ ئاشلىق بۆيرۇپ بېرىشىگە تايىنىپ كەلگەن تارىخقا خاتىمە بېرىپ، ئاشلىقتا ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنالايدىغان بولۇشنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردۇق. چارۋىچىلىقتا ئۇدا توققۇز يىل مول ھوسۇل ئالدۇق، چارۋىنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانىنى 55 مىليون تۇياق ئەتراپىدىكى سەۋىيىدە مۇقىم ساقلاپ قالدۇق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان گۆش، تۇخۇم، سۈت مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتۇق. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 1978-يىلدىكى 131 يۈەندىن كۆپىيىپ 1993-يىلى 829 يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا ئوبدان ئاساس سالدى.

**(ئاپتور: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: خۇدابەردى خېلىل**
**رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»
# 1ـ، 2ـ تومىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە 2ـنەشرى
# پات ئارىدا نەشىردىن چىقىدۇ

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1ـ، 2ـ تومىلىرىنىڭ خەنزۇچە 2ـنەشرى نەشىردىن چىقىپ تارقىتىلدى. بۇ قېتىم تۈزىتىپ نەشر قىلىنغان 1ـ، 2ـتوملار بۇلتۇر نەشر قىلىنغان 3ـتوم بىلەن قوشۇلۇپ، مۇكەممەل بولغان دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرى توپلىمىنى ھاسىل قىلدى.

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 1ـتومىغا 4 پارچە ماقالە، 2ـتومىغا 14 پارچە ماقالە يېڭىدىن كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى تومغا ئەدەبىي جەھەتتىن، تىنىش بەلگىلىرى جەھەتتىن ۋە ئىزاھ جەھەتتىنمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1ـ، 2ـ تومىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ، مۆلچەرلىنىشچە، باھار بايرىمىدىن بۇرۇن نەشىردىن چىقىدۇ. ئىدارە، ئورگان ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ۋاقتىدا تىزىملىتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373　定价：1.50 元　邮政编码 100013

03>
9 771006 585006